# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 4 - بەتتە)

## 2020 - يىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر توغرىسىدا

2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىللىق» يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان يىل. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت تەسەۋۋۇرى مۇنداق: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپىگە بىنائەن، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ۋە «13 - بەش يىللىق» يىرىك پىلانىنىڭ تولۇق تاماملىنىشىغا تۆھپە قوشۇش.

**1. پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىمىز.** پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىز پارتىيە رەھبەرلىكىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكىتىمىزدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبكە سىڭىشى، ئەمەلىي بولۇشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى تەتبىقلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، مۇكەممەللىشىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىملىق ئۆگىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەترەپلىق، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، دائىم «قايتا تەكشۈرۈپ»، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا نىشانغا، ئۆلچەمگە توغرىلاپ، ئېغىشنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاپ، سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرىمىز. يوليورۇق سوراش - دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزام چىقىرىشتا پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى نامايان قىلىپ، نازارەت قىلىشتا پارتىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دۆلەت خىزمىتىدە ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، تولۇق نامايان قىلىنىشى ۋە ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. نىزام تۈزۈمىنىڭ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىغا تىرەك بولۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى كۈچەيتىپ، «پارتىيە تىلى، پارتىيە سۆزى»نى ۋاقتىدا «قانۇن تىلى، قانۇن سۆزى»گە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى تۈزۈم لايىھەسى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىنىڭ قانۇنچىللىق ئاساسىنى پۇختىلايمىز.

**2. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرىمىز.** پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش دائىمىي كومىتېتنىڭ 2020 - يىللىق خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت. بىز ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرى قاتلاملىق لايىھە ۋە مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقىمىزنى قانۇن بويىچە ياخشى يۈرگۈزۈپ، تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇش، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۆھپىسىنى قوشىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پۇرسەت ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە باش قاتۇرۇپ، ھەم ئۈنۈمگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپ بولغانلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخى ئىشلەپ بولالمىغانلىرىدا كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ھەم نىشانغا قاتتىق توغرىلاپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز.

**3. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىمىز.** يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شىنجاڭ خىزمىتىنى چېگىش، مۇرەككەپ شارائىتتا توغرىلىرىدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، زىددىيەت، خەۋپ - خەتەر ئىچىدە غەلبىسىرى ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا پىلانلاپ، قانات يايدۇرۇپ، ئالغا سىلجىتىپ، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى سىنايدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئارقىلىق، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكىگە ئىگە قىلىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتى ئارقىلىق، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىپ، كاپالەتلىك قىلىپ، ۋەكىللەر خىزمىتى ئارقىلىق، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىققەتنى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، باش نىشانغا بويسۇنۇشقا، باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش سىگنالىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش تارىنى چىڭىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپ، ھەم مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، ماھىرلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش «مەسئۇلىيەت ئېتىزى»نى ياخشى تېرىيمىز، ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش بىرىكمە مۇشت تەدبىرىگە زىچ باغلاپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەۋزەللىكى، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، نىزام چىقىرىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە دائىر نىزام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ۋەكىللەر ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى مۇجەسسەملەپ، قەتئىي تۈردە دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق ئارقىلىق مۇقىملىقنى ساقلاپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى يەنىمۇ نامايان قىلىمىز. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق پۇختا ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشىمىز.

**4. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.** يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاۋۋال نىزام چىقىرىش، قانۇن بويىچە ياخشى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرت. بىز پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، خەلق ھۆكۈمىتى تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر - دىن، ئىدېئولوگىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسى بىلەن يۈرۈشلەشكەن، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا ئۇيغۇنلاشقان، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى بىلەن جىپسىلاشقان يەرلىك نىزام سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز. نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نىزام چىقىرىشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، چىقىرىلغان ھەربىر نىزامنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چىقىرىلغان نىزامنىڭ يەرلىكنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئۆزگىچە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز. بۇ يىل بىز ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى، كىلىمات بايلىقىنى قوغداش، پايدىلىنىش ۋە ئېچىش نىزامى قاتارلىق نىزاملارنى چىقىرىمىز، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا يەر ھۆددىگەرلىكى قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى، گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش نىزامى قاتارلىق نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار قاتارلىقلارنى چىقىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، رايونلار ماسلىشىپ نىزام چىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز. نىزام بولسىلا جەزمەن ئەنگە ئالدۇرۇش، ئەنگە ئېلىنغانلىرىنى جەزمەن تەكشۈرۈش، خاتالىق بولسا جەزمەن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قانۇنچىلىقىنىڭ بىرلىكى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قوغدايمىز.

**5. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نازارەتچىلىكنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز.** خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، قانۇن كۈچىگە ئىگە نازارەتچىلىك، ئۇ ھوقۇق، يەنە كېلىپ مەسئۇلىيەت. بىز ئاساسىي قانۇن قەسىمى بېرىش، دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ياخشى تەشكىللەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنچىللىق تەشۋىق - تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرىمىز. قانۇندا بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، نازارەتچىلىك شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، نازارەتچىلىكنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشىمىز. تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تىيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىمىز، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش نىزامى، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرىمىز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشى، جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى قاتارلىق مەخسۇس خىزمەتلەر ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتىمىز، قاراپ چىقىمىز ھەمدە ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراشنى ئورۇنلاشتۇرىمىز.

**6. خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز.** خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشى باشتىن - ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر كۈچ مەنبەسى ۋە مۇستەھكەم سىياسىي ئاساسى. بىز ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ مەقسىتى ۋە مەقسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئارزۇسىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىشانى قىلىمىز. «ئىككى ئالاقىلىشىش» تۈزۈمى، ۋەكىللەر دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلق ئۈچۈن ھوقۇق ئىشلىتىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. ۋەكىللەرنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، «ۋەكىللەر ئائىلىسى» قاتارلىق ۋەكىللەر مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ۋەكىللەر چوڭ دەرسخانىسى»نى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋە مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئارىلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ياخشى تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە بېرىش خىزمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەر مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش دوكلاتى بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىمىز. ۋەكىللەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاۋانگارتلاردىن بولۇشى، ئۆلگە كۆرسىتىشكە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىللىق»يىرىك پىلانىنىڭ تولۇق تاماملىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەلرايى ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز.

**7. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز.** ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشتىن - ئاخىر ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۈستىگە ئالىدىغان خىزمەت ئورگىنى بولۇشىغا، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلايدىغان ۋەكىل ئورگان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئىرىشىپ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئىجادىي نەزەرىيەسى ئارقىلىق قوراللىنىشنى ئىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئىرىشىپ كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى ئىرىشىپ ئالغا سىلجىتىپ، بۇرچ تۇيغۇسىنى ئىرىشىپ كۈچەيتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەمۇنە ئورگان ۋە قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن بەرپا قىلىمىز. «ئىچكى ماھارەت»نى ئوبدان مەشىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىمىز، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى، خىزمەت مېخانىزمى، ئىش قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دەللىلەش، مۆلچەرلەش، باھالاش، ئىسپات ئاڭلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان تەشكىلىي تۈزۈم ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز. ناھىيەلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتتە ھەمتۈرتكە بولۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ماس قەدەمدە تەڭ ئىشلەيمىز، تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، جۇشقۇنلۇق، جاسارەت، توغرا كەيپىياتنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، كۈچىمىزنى چىقىرىپ، تۆھپە يارىتىپ، باشتىن - ئاخىر يېتىشىپ مېڭىپ، بەرداشلىق بېرىپ، ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، مەسئۇلىيەت ئادا قىلىشتىكى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشىمىز. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت خاھىش»، «تۆت كەيپىيات»قا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلبىسىنى مۇستەھكەملەپ، پولاتتەك ئىنتىزام ۋە ياخشى ئىستىل ئارقىلىق پارتىيەنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا، شانلىق نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ، كۈرەش قىلغاندىلا، كەلگۈسىدە غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. ھەممەيلەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزەيلى.